شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 5 ـ ئاي
25
دۈشەنبە
维吾尔文 5 月25日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25072 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# «مەن تېلېۋىزوردا سىزنى كۆردۈم»

## ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كەلدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچەي

«مەن تېلېۋىزوردا سىزنى كۆردۈم». 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي چوڭ زالىدا، خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىش نەق مەيدانىدا، شىيەن شەھىرى تەيخې دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، دوختۇرخانا باشلىقى ۋەكىل لو جيې ئەمدىلا سۆز قىلىشىغا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇنى تونۇۋالدى.

«سىز لو جيېغۇ دەيمەن؟» دەپ سورىدى باش شۇجى.

«شۇنداق» لو جيې ھاياجىنىنى باسالماي قالدى.

«سىز ۋەكىللەر يولىدا زىيارەتنى قوبۇل قىلىپ، سىلەرنىڭ ئون نەچچە ئادەمنى تەشكىللەپ مەخسۇس داۋالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 87 ياشلىق بىر بوۋاينى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇزۇۋالغانلىقىڭلارنى سۆزلىدىڭىز. ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىدە مەن سىزنى تىلغا ئېلىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# پۈتۈن گەۋدە بويىچە پىلانلاپ، سىستېمىلىق قايتا يارىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇداپىئە تورىنى پۇختا، زىچ توقۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى: ئېغىر، زور يۇقۇم ۋە تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممىۋى سەھىيە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، ئىجتىمائىي، سىياسىي چوڭ ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك. پۈتۈن گەۋدە بويىچە پىلانلاش، سىستېمىلىق قايتا يارىتىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، سىگنال بېرىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئېغىر، زور يۇقۇم ئەھۋالى بويىچە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش قانۇن ـ نىزاملىرىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كۈچەپ تۈزۈلمە ـ مېخانىزم قاتلىمىدىن مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ يىغىن مەيدانىغا كىرگەندە، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

لو جيې، يەن جى، جاڭ ۋېنشى، سۇڭ چىڭلى، يۈ چېڭدىن ئىبارەت بەش ۋەكىل ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئەمەلىي ئىقتىسادنى يۆلەش سالمىقىنى زورايتىش، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، نامرات تاغلىق رايونلارنىڭ چوڭ قاتناش قۇرۇلۇشى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە جۇڭگونىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى. شى جىنپىڭ ۋەكىللەر بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: خۇبېي خەلقى، ۋۇخەن خەلقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە مۇھىم، زور تۆھپە قوشۇپ، غايەت زور قۇربانلىق بەردى. ۋۇخەن قەھرىمان شەھەر بولۇشقا مۇناسىپ، خۇبېي خەلقى ۋە ۋۇخەن خەلقى قەھرىمان خەلق بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇ نەق مەيداندىكىلەردىن، خۇبېيدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىدىن سەممىمىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، چېگرا سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ تارقىلىش ـ يامراش ۋەزىيىتى يەنىلا ئۈنۈملۈك توسۇلمىدى، دۆلەت ئىچىدىكى ئايرىم رايونلاردا توپلىشىش خاراكتېرلىك يۇقۇم يەنىلا مەۋجۇت، خۇبېيدا بەزىدە يەنە تارقاق ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرى پەيدا بولۇۋاتىدۇ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار ھەر كۈنى يەنىلا يېڭىدىن كۆپىيىۋاتىدۇ. يىڭنە تۆشۈكىدەك يوچۇقتىنمۇ گۈركىرەپ بوران ئۆتىدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، ئاخىردىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۋاڭ جىڭۋېن فوتوسى

### شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى

# خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك

## چېن چۈەنگو سۆز قىلدى ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ گۇرۇپپا يىغىنىدىن ئىلگىرى، ۋەكىللەر ئۆمىكى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى پىلان دوكلاتى ۋە خامچوت دوكلاتىنى داۋاملىق تەكشۈردى، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىگە قاراپ چىقتى

## چېن چۈەنگو، ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى گۇرۇپپا يىغىنى ئېچىپ، 2019 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات، 2019 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2020 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسى دوكلاتىنى داۋاملىق تەكشۈردى، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىگە قاراپ چىقتى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىمىرباقى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## پالاقنى كۈچەپ ئۇرۇپ، يەلكەننى چىقىرىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشايلى تۈرتكە بولىمىز

ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئەزالارنىڭ بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەكىللەر، ئەزالار ۋە كادىرلار، ئاممىنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى

3 ـ بەتتە

باش شۇجىغا دوكلات · نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمىز ⑥

## «مۇھىم تۈگۈن» چىڭ تۇتۇلغاچقا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى تولۇق بولدى

«نامراتلىق يىلتىزى»نى تېپىپ، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، نىشانلىق داۋالاش كېرەك.

ــــ شى جىنپىڭ

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ يى، چىن مېيخۇا، لىيۇ يىمىڭ، نىپ نىڭ

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسپىنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتىنى پايلاپ قوللاپ، نامراتلارنى يۆلەش باشلامچى كارخانىلىرى، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىنىڭ تېزدىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانغا يېتىشكە ياردەم بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسپى ۋە باشلامچى كارخانىلارنىڭ نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەل قىلغۇچ جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىگە نەزەر ــــ

### «باشلامچى كارخانىلار تۈرتكە بولۇش ئۈنۈم ئېففېكتىنى جارى قىلدۇردى»

«ئىلگىرى، باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېزىلارنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرسەم ئىنتايىن ھەۋەس قىلاتتىم. بۈگۈن، بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ئۇ رېئاللىققا ئايلاندى» دېدى گۇما ناھىيەسى مۇجى بازىرى ھاسار كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەمەتيۈسۈپ مەمتىمىن. بۇ كەنت چەت، يىراق جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرى مەبلەغ سالىدىغان كارخانىلار ئىنتايىن ئاز ئىدى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئارقىدا قېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم تۈگۈن كەمچىل ئىدى.

ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ماسلىشىپ قوللىشىدا، بىر پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى يېزا ئىگىلىك گۇرۇھى بۇ كەنتكە ماكانلىشىپ، كەنتنىڭ توشقان، ئېشەك قاتارلىق خاس باقمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى ھەم بۇنى بوسۇش ئېغىزى قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىم ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى.

«ئىلگىرىكى خوتەننىڭ ‹يانچۇق تېگى›نىڭ ھازىر ‹ئالتۇن يانچۇق›ى بار بولدى.» مەمەتيۈسۈپ مۇنداق تونۇشتۇردى: پۈتۈن كەنت بويىچە 42 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى توشقان باقىدۇ، 153 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى ئېشەك باقىدۇ. باشلامچى كارخانا تايانچ بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىدىكى بازار خەۋپ ـ خەتىرى خېلىلا تۆۋەنلىدى، باقمىچىلىق سەۋىيەسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستى. «باشلامچى كارخانىلار نامراتلارنى يېتەكلەش سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماي،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

سكانىېرلاپ سىننى كۆرۈڭ

## شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە پىلان دوكلاتى، خامچوت دوكلاتى ۋە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ جيۈن، رېن جياڭنىڭ بېيجىڭغا ئۇلاپ بەرگەن خەۋىرى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭدىكى

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)